ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى كۈرەش قىلغۇچىلار

# باي بولۇش يولىدا قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەش

## —— ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشنىڭ باي بولۇشىغا خالىس ياردەم بەرگەن دېھقان ئىشلەمچى چېن ياۋپىڭ توغرىسىدا

چېن ياۋپىڭ، بىر ئاددىي خېنەنلىك دېھقان ئىشلەمچى، ئۇ خالىس تۆھپە قوشۇپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بەشتوگمەن يېزىسى ئارا لەڭگەر كەنتىدىكى مېيىپ تۇرسۇن توختىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياردەم بېرىپ، ئارا لەڭگەر كەنتىدە كەسىپكە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ باي بولۇش، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشقا تايىنىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتىكى ياخشى ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپچىلىك تەرىپىدىن «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچى» دەپ تەرىپلەندى.

### ■ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغان «قېرىنداشلىق مېھرى»

2013 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، 44 ياشلىق چېن ياۋپىڭ ئىشداشلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم خېنەندىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بەشتوگمەن يېزىسى ئارا لەڭگەر كەنتىدىكى ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى مەيدانىدا ئىشلەمچىلىك قىلدى.

بىر كۈنى، قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسىدا كاشىلا كۆرۈلدى، چېن ياۋپىڭ جىددىيلىشىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۆيىدە دەم ئېلىپ داۋالىنىۋاتقان تۇرسۇن بۇ ھالەتنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال ھاسىغا تايىنىپ كېلىپ ياردەملەشتى، بىرھازا رېمونت قىلغاندىن كېيىن، سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسى نورمال ئىشقا كىرىشتى.

چېن ياۋپىڭ دەرھال يېنىدىن 100 يۈەن چىقىرىپ تۇرسۇنغا تەڭلەپ رەھمىتىنى بىلدۈردى، بىراق تۇرسۇن سىلىق رەت قىلدى. يۇرتىدىن ئايرىلغان چېن ياۋپىڭ تۇرسۇننىڭ سەممىيلىكى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىدىن تەسىرلەندى.

ئائىلىسىنىڭ مۇقىم كىرىمى يوق، خوتۇنى كېسەلچان، ئۈچ بالىسى كىچىك، ئون مو يېرىگە ئىشلەيدىغان ئادەم يوق ... تۇرسۇن ئائىلىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ چېن ياۋپىڭ كۆڭلىدە «مەن چوقۇم ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەملىشىمەن!» دەپ ئىرادە باغلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، «بازار كۈنى» بولسىلا، ئۇ قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى ئىشنى تۈگىتىپ، تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆيىدە نېمە كەم بولسا شۇنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بەردى.

2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، چېن ياۋپىڭ يۇرتىغا قايتىشتىن ئىلگىرى، تۇرسۇن ئالايىتەن كەنتتىن ئاپتوموبىل تېپىپ، قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى ۋوگزالغا ئاپىرىپ قويدى، ئۆزىنىڭ بېغىدىن چىققان بىر تاغار چىلان، ئۆز يېرىدىن چىققان پاختىدا ئەتكەن ئىككى يورۇش يوتقان ـ كۆرپە سوۋغا قىلدى؛ خوتۇنى يەنە بىر خالتا تۇخۇم پىشۇرۇپ ئۇنىڭ يولدا يېيىشىگە بەردى. چېن ياۋپىڭنىڭ خاتىرىسىدە، كىچىك چېغىدا مەكتەپكە بارغاندىلا، ئاندىن ئاپىسى ئۇنىڭغا تۇخۇم پىشۇرۇپ ئېلىۋېلىشقا بېرەتتى. ئاشۇ بىر خالتا تۇخۇمنى ئۇ ھازىرغىچە قەلبىدە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

قېرىنداشلىق رىشتىسى مانا مۇشۇنداق باغلاندى.

### ■ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى «ھايات لېي فېڭ»

تۇرمۇش جەھەتتە ياردەم بېرىش پەقەت ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنىلا ھەل قىلالايدۇ. توشقان بېقىش تەجرىبىسى بار چېن ياۋپىڭ توشقان بېقىشقا تايىنىپ تۇرسۇننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى ئويلىدى، چۈنكى توشقان بېقىشنىڭ تەننەرخى تۆۋەن، كۆپىيىشى تېز، يەنە كېلىپ ئاقسۇدا توشقان باقىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى. چېن ياۋپىڭ بۇ ئويىنى تۇرسۇنغا ئېيتقاندىن كېيىن، ئەزەلدىن توشقان بېقىپ باقمىغان تۇرسۇن ئانچە ئىشەنچ قىلالمىدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، چېن ياۋپىڭ توشقان بېقىشنىڭ بارلىق خەۋپ ـ خەتىرى ۋە ئالدىنقى مەزگىللىك سېلىنمىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. 2015 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، چېن ياۋپىڭ تۇرسۇنغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭ ھويلىسىدا بىر چوڭ توشقان بېقىش قەپىسى ياسىدى ھەم يېڭى زېلاندىيە قاما توشقىنىدىن بەشنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ بېقىشىغا بەردى.

توشقان بېقىش تېخنىكىسى پىششىق بولمىغاچقا، چېن ياۋپىڭ مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىرلىكتە ئۆگەندى، بىرلىكتە ئىزدەندى؛ مەبلەغ يېتىشمىسە، چېن ياۋپىڭ كۆپ يىل ئىشلەپ يىغقان پۇلىنى ئېلىپ كېپەك، قوناق ئۇنى، ۋاكسىنا سېتىۋالدى؛ توشقان كۆپەيگەندە، چېن ياۋپىڭ ئۆزى پۇل چىقىرىپ ئاپتوموبىل ئىجارىگە ئېلىپ، توشقان باقىدىغان قەپەس سېتىۋالدى؛ توشقان قەپەستىن چىققاندا، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى بىرلىكتە بازارغا ئاپىرىپ ساتتى.

ئۇلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن، 2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تۇنجى تۈركۈمدىكى نەسىللىك توشقان قەپەستىن چىقىرىلىپ، ئون نەچچە مىڭ يۈەنگە سېتىلدى. كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا، توشقان قەپىسى ئۈچكە كۆپەيدى، ھازىر قەپەستە 3200 توشقان بولۇپ، 2018 ـ يىلى پايدىسى 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. توشقانلار شۇ جايدىكىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپلا قالماي، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى سودىگەرلەرمۇ كېلىپ سېتىۋالىدىغان بولدى.

### ■ گۈزەل كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن «بىر ئائىلە كىشىلىرى»

بۈگۈنكى كۈندە، چېن ياۋپىڭنىڭ ياردىمىدە، تۇرسۇن ئائىلىسىدىكىلەر ئازادە ـ يورۇق ئەمەن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، توشقان بېقىش قەپىسىمۇ بىردىن ئۈچكە كۆپىيىپ، كۆلىمى نەچچە ئون كۇۋادرات مېتىردىن 300 كۇۋادرات مېتىرغا كېڭەيدى، كېسەل كۆرسىتىپ قەرز بولۇپ قالغان 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزنىمۇ قايتۇرۇپ بولدى. تۇرسۇن ناھايىتى تەسىرلەنگەن ھالدا: چېن ئاكامنىڭ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىگە يەتكۈزگەن مېھىر ـ شەپقىتىنى مەڭگۈ سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ! دېدى. يېقىندا، چېن ياۋپىڭ گۆش توشقىنى باقمىچىلىق زاۋۇتى قۇردى، زاۋۇتقا «بىر ئائىلە كىشىلىرى» دەپ ئىسىم قويدى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، چېن ياۋپىڭ تۇرسۇن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ياشىدى، بىللە تىرىشىپ ئىشلىدى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يەنە بالىلارغا تاپشۇرۇق تەكرار قىلىپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

بۈگۈنكى كۈندە، تۇرسۇنمۇ توشقان بېقىش ئۇستىسى بولۇپ قالدى. بۇ يىل چاغان ئۆتۈشى بىلەنلا، «بىر ئائىلە كىشىلىرى» گۆش توشقىنى باقمىچىلىق زاۋۇتى 20 نەچچە زاكاز تاپشۇرۇۋېلىپ، 1000دىن ئارتۇق توشقاننىڭ ھەممىسى زاكاز قىلىنىپ بولدى.

ئارا لەڭگەر كەنتى باغۋەنچىلىك ۋە تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاران تۆت مودىن ئاشىدۇ، تۇرسۇن بىلەن چېن ياۋپىڭنىڭ توشقان بېقىپ بېيىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى كەنتتە تارقالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن شاگىرت بولۇش، تېخنىكا ئۆگىنىشنى ئىلتىماس قىلىپ، توشقان بېقىپ بېيىماقچى بولدى.

ئۆگىنىشكە كەلگەن كەنت ئاھالىلىرىگە، ئۇلار ھېچنېمىنى يوشۇرماستىن ھەممە تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى. چېن ياۋپىڭ مۇنداق دېدى: بىر ئائىلە باي بولسا، بېيىغانلىق ھېسابلانمايدۇ، پەقەت كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بېيىغاندىلا، جەمئىيىتىمىز ئاندىن تېخىمۇ مۇقىم، ئىناق بولىدۇ. ئۇ تۇرسۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كەنتتىن كوللېكتىپ يەر ئىلتىماس قىلىپ، كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلىلەرنى قوبۇل قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكتە بېيىشىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى.

چېن ياۋپىڭ بىر ئاددىي دېھقان ئىشلەمچى، ئۇ نەچچە مىڭ چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ كېلىپ، ئالتە يىل چىڭ تۇرۇپ، قېرىنداشلىرى تۇرسۇننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئەڭ گۈزەل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى پورەكلىتىپ ئېچىلدۇردى.

# نېفت ئىزدەش يولىدا بەرگەن قەسەمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

## —— جۇڭگو نېفتى شىنجاڭ نېفتلىك شۆبە شىركىتى چارلاش ـ ئېچىش تەتقىقات يۇرتى چارلاش تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى گو شۇگۇاڭ توغرىسىدا

گو شۇگۇاڭ، قەدىمكى تۇراقلىق يەر قاتلىمى ئېنېرگىيە مەنبەسى شىفىرىنى يەشكەن نېفت چارلاش خىزمەتچىسى. ئۇ ۋەتەننىڭ ئېنېرگىيە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، چۆل ـ باياۋاندا كۆڭۈل قويۇپ خىزمەت قىلىپ، يىلتىز تارتىپ، نېفت چىقمىغۇچە نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ ئەترەتتىكىلەر بىلەن 380 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭغار ئويمانلىقىنى كېزىپ، نېفت چارلاشتىكى چەكلەنگەن رايونلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ماخۇ ۋە جىمساردىن ئىبارەت 1 مىليارد توننىلىق چوڭ تىپتىكى ئىككى نېفتلىكنى بايقاپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە بىخەتەرلىك بولتىسىدىن بىرنى چىڭ ئورناتتى؛ ئۇ دۆلەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتى نەتىجىسى بولغان «ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن رايوندىكى قورام تاشلىق نېفت زاپىسىنى چارلاش نەزەرىيە تېخنىكىسى ۋە ماخۇ پەۋقۇلئاددە چوڭ تىپتىكى نېفتلىكنىڭ بايقىلىشى»غا مۇھىم تۆھپە قوشقۇچىلارنىڭ بىرى.

### ■ ماخۇدا كەسكىن قارار چىقىرىپ، قورام تاشلىق «ھالاكەت لىنىيەسى»نى بۆسۈپ ئۆتۈش

2008 ـ يىلى، 26 ياشلىق گو شۇگۇاڭ جۇڭگو نېفت داشۆسىنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ماگىستىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى 1 ـ چوڭ نېفتلىك بارلىققا كەلگەن جاي قارامايغا كەلدى.

قاراماي ئۆزۈلمە بەلبېغىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ماخۇ يانتۇلۇق رايونىغا قاراپ يۈزلەنگەن 20 يىلدىن بۇيان يەتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان دۆلەت ئۈچۈن 2 ـ قاراماي نېفتلىكىنى ئىزدەش كۈچ ئۇلاش كالتىكى مۇشۇ پەيتتە گو شۇگۇاڭنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بۇ يۈگۈرۈش يولى پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن رايون قورام تاشلىقىنى چارلاش ساھەسىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۆرنىكى بولۇپ باقمىغان چەكلەنگەن رايون ئىدى.

نېفت زاپىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چارلىنىش ـ چارلانماسلىقىدا، نېفت زاپىسىنىڭ تىپى ۋە زاپاسىنى كونترول قىلىش ئامىلى بىلەن كۆلەم ئىنتايىن مۇھىم. گو شۇگۇاڭ رەتتە تۈرگۈزۈلۈپ تەكشۈرۈلگەن نۇرغۇن كونا قۇدۇقنى ئويلاپ، «ئالتۇن چارە»دىن بىرنى ئوتتۇرىغا قويدى —— نېفت زاپىسى فازا بەلبېغىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىسا، چوڭ كۆلەمدە زاپاس شەكىللىنىشى كېرەك! ئۇ يۈرەكلىك ھالدا 20 يىلنىڭ ئالدىدىكى مابېي نېفتلىكىنىڭ نېفت قاتلىمىغا ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقتى. جەمئىي 31 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىرلىق ئۈچ ئۆلچەملىك يەر تەۋرەش ماتېرىيالىنى چۈشەندۈرۈپ، 26 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىرلىق چۆكۈندى سىستېمىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ كەسكىن ھالدا ئالدىن مۇنداق مۆلچەرلىدى: ماخۇ يانتۇلۇقىنىڭ 3500 مېتىر يەر ئاستىدىمۇ ئەلا سۈپەتلىك زاپاس قەۋەت بار!

2012 ـ يىلى، گو شۇگۇاڭ ئەترىتى ماخۇ 18 ـ قۇدۇقنى تەۋەككۈل قىلىپ چارلاشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى ھەم يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفتى ئېقىمىغا ئېرىشتى. ماخۇ 18 ـ قۇدۇقىدىن نېفت چىقىشقا ئەگىشىپ، ماخۇنى چارلاش تۇسالغۇسىز يۈرۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالتە چوڭ نېفت زاپىسى تۈپى بايقىلىپ، جەنۇب ـ شىمالدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ نېفت رايونى شەكىللەندى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇقلۇقتا نېفت چارلاشتا يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ نەتىجىسى ئىدى. مىليونلىغان يىللار كۆمۈلۈپ ياتقان بىر ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ شىفىرى جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن يېشىلدى، گو شۇگۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەترىتى ئاخىر يەر ئاستىدىكى بۇ خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، نەچچە ئەۋلاد نېفتچىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن يەنە چوڭ نېفتلىك ئىزدەش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى.

### ■ ماخۇدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ «جان تومۇرى»نى قوغداش

ماخۇنىڭ ھەممە يېرىدە قۇدۇقلار قېزىلىپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىللە، جىمساردىكى سلانېتس نېفتىنى چارلاش ـ ئېچىشمۇ جىددىي ئىشلەندى.

دۆلەت ئىچىدىكى سلانېتس نېفتىنى چارلاشنى تەتقىق قىلىش بوشلۇقى ئالدىدا، گو شۇگۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئەترىتى، جىمسار 174 ـ قۇدۇقىدىن 300 مېتىرغا يېقىن ئۇدا جىنس ئەۋرىشكىسى ئېلىشنى لايىھەلەپ ھەم سانتىمېتىر دەرىجىلىك جىنس ئەۋرىشكىسىنى تۈجۈپىلەپ تەسۋىرلەش ۋە ئومۇميۈزلۈك تەجرىبە قىلىپ بىرلەشمە ئۆلچەش ئارقىلىق، گورىزونتال قۇدۇق ھەجمىنىڭ قاتلام يېرىش ئۆزگىچە تېخنىكىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈستىدە ئىزدەندى.

ھېچكىم سىناپ باقمىغان بۇ تۈجۈپىلەنگەن ئۇسۇل گو شۇگۇاڭ ئەترىتىگە مول نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلدى: جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدا تۇزلۇق كۆل ئويمانلىقى سلانېتس نېفتى توپلىنىش نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلىپ، سلانېتس نېفتىنى باھالاش، زىچ تاغ جىنسلىرى ئارىسىدىكى كاۋاكلىق دەرىجىسى نىسبەتەن يۇقىرى، سىڭىشچانلىقى يۇقىرى جىنس قاتلىمىنى مۆلچەرلەش تېخنىكا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت ئىچى سلانېتس نېفتىنى گېئولوگىيەلىك باھالاش تېخنىكىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئاخىرىدا 1 مىليارد توننىلىق جىمسار نېفتلىكىنى بايقاشقا يېتەكچىلىك قىلدى، تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن گېئولوگىيەلىك تونۇش ۋە تېخنىكىسى دۆلەت ئىچى سلانېتس نېفتىنى چارلاش ـ ئېچىشتىكى «قىممەتلىك قامۇس»قا ئايلاندى.

2017 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، گو شۇگۇاڭ يەنە بىر قېتىم ماخۇ يۇقىرى ئورقۇ گۇرۇپپىسى 200 مىليون توننىلىق زاپاس مىقدارى بىرلەشمە جېڭىگە ئاتلاندى.

مەسئۇل خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ماخۇ يۇقىرى ئورقۇ گۇرۇپپىسىنىڭ گېئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، نېفت بىلەن سۇنىڭ بىللە چىقىدىغانلىقىنى، زاپاس مىقدارىنى ھېسابلاش لايىھەسىنى تۈزۈشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى بىلەتتى.

ھەر خىل لايىھەلەر تەكرار ـ تەكرار سىناق قىلىندى، يەنە تەكرار ـ تەكرار بىكار قىلىنىپ قايتا تۈزۈلدى... ئاخىر ماخۇ يۇقىرى ئورقۇ گۇرۇپپىسىنىڭ 200 مىليون توننىلىق نېفت گېئولوگىيەلىك زاپاس مىقدارى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ماخۇ 1 مىليارد توننىلىق چوڭ نېفت رايونىنىڭ بايقىلىشىغا تىرەك بولۇپ، دۆلەت ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ «جان تومۇرى»نى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

### ■ ماخۇدا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، خەلقنىڭ «بەخت مەنبەسى»نى كاپالەتلەندۈرۈش

ماخۇ قورام تاشلىق نېفتلىكىدىكى نېفت تەركىبىدە كەم ئۇچرايدىغان نافتېن ئاساسى تەركىبى بار بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزۇن سەپەر يۈرۈشلۈك راكېتاسى ۋە ئاساسى ئۇرۇش تانكىسىدا زۆرۈر ئىشلىتىلىدىغان مايىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق خام ماتېرىيالى. ماخۇ چوڭ نېفتلىكىنىڭ بايقىلىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپلا قالماي، ئۇنىڭ بايقىلىشى جەريانىدىكى يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ۋە تەجرىبىلەر يەر شارى بويىچە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن رايون قورام تاشلىق زور ئىز باسما دائىرىدە نېفت، تەبىئىي گازنى چارلاشنى ئۈلگە قىلغىلى بولىدىغان، كېڭەيتىشكە بولىدىغان «جۇڭگو نەزەرىيەسى» ۋە «جۇڭگو تېخنىكىسى» بىلەن تەمىنلەپ، دۇنياغا «جۇڭگو ئەقىل ـ پاراسىتى» ۋە «جۇڭگو كۈچى»نى بېغىشلىدى.

ھازىرقى ماخۇدا، قۇدۇق جازىلىرى زىچ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇرغىلاش ماشىنىسى گۈركىرەپ تۇرىدۇ، ھەممە جايدا جۇڭگو نېفتچىلىرىنىڭ موكىدەك ئالدىراش سىماسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يېقىن كەلگۈسىدە، ماخۇ نېفتلىكىنىڭ يىللىق نېفت ئىشلەپچىقىرىشى 5 مىليون توننىغا يېتىدۇ.

ياشلىقنى ئەسلىگەندە، گو شۇگۇاڭ «ۋەتەننىڭ غەربىي قىسمىغا بېرىش» دېگەن شۇ سۆزدىن تەسىرلىنىدۇ. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ بىپايان تۇپراققا كېلىپ، چۆللۈكتە پۇشايمانسىز يىلتىز تارتتى، ھاردىم ـ تالدىم دېمەي، كۈرەش قىلىشقا قەسەم بىلەن ئىرادە باغلاپ، كىشىلىك ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىنى ۋەتەننىڭ نېفت چارلاش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق نېفت روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، «مەن ۋەتەنگە نېفت تەقدىم قىلىمەن» دېگەن قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئوت ئۆچۈرۈش قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قوشۇنىغا بايراق بېرىش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم تەلىمىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلار بويىچە، ئوت مۇداپىئە قانۇن ئىجراسى ئىدىيەسى، تۈزۈمى، ئىستىلىنى ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھ قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، پاك ـ دۇرۇس، ئىستىلى ياخشى، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئوت مۇداپىئە قانۇن ئىجراسى قوشۇنى بەرپا قىلىپ، ئىلمىي ـ مۇۋاپىق، قېلىپلاشقان ـ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئادىل ـ ئاشكارا بولغان ئوت مۇداپىئەسى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم ياخشىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئوت مۇداپىئە قانۇن ئىجراسى ئىسلاھاتىدا مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەنبەدىن تۈزەپ، جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ئوت مۇداپىئە قانۇن ئىجراسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەردىن باشلاپ تۇتۇپ، ئوت مۇداپىئەسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىپ، تۈزۈمدىكى يوچۇقلارنى مەنبەدىن توسۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش؛ مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، خەلققە قولايلىق يارىتىپ كارخانىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «تىجارەت ئىجازەتنامىسى بىلەن تىجارەت كىنىشكىسىنى ئايرىۋېتىش»نى ئەڭ زور دەرىجىدە يولغا قويۇپ، ئوت مۇداپىئەسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك نامۇۋاپىق ئۆلچەم ۋە چەكلىمىلەرنى قەتئىي تۈگىتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۈستۈرۈش؛ قويۇپ بېرىش بىلەن باشقۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، كىرگۈزۈشتە كەڭ، باشقۇرۇشتا قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىك ھوقۇقنى بازارغا تولۇق بېرىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاش؛ ئاشكارا ـ ئوچۇق، قېلىپلاشقان ـ تەرتىپلىك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئىجراسى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجراسى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجراسى تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجراسى شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھوقۇقنى ئوچۇق يۈرگۈزۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوت مۇداپىئە قانۇن ئىجراسى ئىسلاھاتىغا دائىر بەش جەھەتتىكى 12 تۈرلۈك ئاساسلىق ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.